

# خوشال تيانشان باغرىدا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# خۇشال تيانشان باغرىدا

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىن - 1958

# مەزمۇنى

قاسم دېگەن ژىگت مىڭلقانىنىڭ ژۇرتدىشى بولۇپ، ئىككىسى هېمىشە بىللە قوي باقىدۇ، شۇنداقلا كوڭلىمۇ يېقىن. مىڭلقان ناهايىتى كىچىك پېىل بولۇپ، قاسمنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقىغا ئىلهام بېرىدۇ، ئىككىسى ئەمگەك جەريانىدا بىر ـ بىرسىگە مۇهەببەت باغلايدۇ. كېيىن هەر ئىككىسىلا «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ سايلانغانىدىن كېيىن، شات ـ خورام يايلاقتا تۇرمۇش قۇرۇدۇ.

www.uyghurkitap.com

1. چارۋىچىلارنىڭ تازا
خۇشال بولىدىغان پە-
سىللىرى كەلدى. تيان-
شان باغرىدىكى تاشتۇلا
يايلىقىدا ئىش قىزىپ
كەتتى. قازاق ۋە قىرغىز
چارۋىچىلىرى قوي-ژىل-
قىلىرىنى ھايداپ كېلىش-
تى. شەرق ۋە جەنۇب
تەرەپكە ئەللىكتىن ئارتۇق
كىگىز ئۆي تىكىلدى.



2. مىڭلىقانىڭ ئاتا - ئا-
نىسى گومىنداڭ ئەكس-
يەتچىلىرىنىڭ ئالۋاڭ-
ياسىغىدىن قېچىپ ، يەتتە
ژىلغىچە باشقا ژۇرتلاردا
سەرسان بولۇپ ژۇر-
گەن ئىدى، مانا ئەمدى
ئۆز ژۇرتىغا يېڭىدىن
مېھمان بولۇپ قايتىپ
كەلدى .



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



3. قىزلار ناھايىتى چاپ-
سانلا تونۇشۇپ كەتتى،
ھەممە ئادەم خۇددى بىر
تۇققاندەك مېھرىبان بو-
لۇشۇپ قالدى. بۈگۈن
مىڭلىقان كىچىك ۋاقتى-
دىكى دوستلىرى بىلەن
سالما تاشلاپ ئوينىدى.

4. مڭلقان ئېلىپ كەلـ
گەن تاغىل تايغان ناهاـ
يىتى تۈيغۇن ئىدى. ئۇ
قۇلغىنى دىك قىلىپ قىزـ
لارنىڭ ئالدىغا ژۈگرەپ
كەلدىـ دە، ژىراق ئۇتـ
لاقـقا قاراپ هاۋشىغىلى
تۇردى.



www.uyghurkitap.com

5. ئوتلاق تەرەپتىن
كوچمە ژۇلتۇزلاردەك
ئىككى قارا نەرسە ئۇ-
چۇپ كېلىۋاتاتتى. مىڭ-
لىقان: «قاراڭلار! بىر
بورى بىر تاغ تېكىسىنى
قوغلاۋاتىدۇ» — دېدى-
دە، دوستىنىڭ قولىدىكى
ئاغامچىنى ئېلىپ سىرتت-
ماق ياسىدى ۋە بورى تە-
رەپكە قاراپ ئات سالدى.



6. خۇددى مىڭلىقان دې-
گەندەكلا ، بىر بورى
بىر تاغ تېكىسىنى قوغ-
لاپ كېلىۋاتقان ئىكەن.
ئۇ ، قارغايلىقتىن ئات
چاپتۇرۇپ چىققان چاغ-
دا ، بورى بىلەن تېكە
ئۈركۈپ كېتىپ ھەر تە-
رەپكە قېچىپ كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



7. چەۋەر مىڭلىمقان
ئىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ،
بۆرىگە سالما تاشلىدى.
بۆرە يىقىلىپ چۈشۈ-
شى بىلەن ئاغامچىنى
كۈچىنىڭ بىرىچە چىڭ
تارتتى. بۆرە خۇددى
تۇزاققا چۈشۈپ قالغان-
دەك تىپىرلاشقا باشلىدى.



8. تىكە تـوپ ـ توغرى
ئورمانغا قاراپ قاچتى .
ئەمما ئۇزۇنغا بارمايلا،
ئالدىدىن چىققان تورۇق
ئاتلىق ئەزىمەت ژىگىت
ئۇنى مىڭلىقانغا ئوخـ
شاش سالما تاشلاپ تۇـ
تۇۋالدى .

9. شۇ چاغدا، ئۇ ياقتىن ئاتلىق چىرايلىق قىز چىقتى ، بۇ ياقتىنمۇ ئاتلىق ئەزىمەت ژىگىت چىقتى، ئىككىسى يېقىنلاشتى. مىگىلقان: «سىز قىرغىز ژىگىتى قاسىم ئەمەسمۇ؟» ــدەپ سورىدى. قاسىم: «ھە! ژۈرەكلىك قىز، مەن سىزنى تونۇيالىغاندەك قىلىمەنغۇ!» ــدەپ ۋاقىرىدى.



10. ئىككىسى تەڭلا ئات-
تىن چۈشۈپ، ئوتلاقتا
ئولتۇرۇپ مۇڭداشقىلى
باشلىدى. مىڭلىغان ئوز
ئائىلىسىنىڭ گومىنداڭ-
نىڭ ئالۋىڭىنى بېرەل-
مەي، يەتتە ژىلغىچە
چەتلەردە خانىۋەيران
بولۇپ ژۈرگەنلىگىنى
قاسىمغا سوزلەپ بەردى.



11. قاسىمۇ ئۇنىڭدىن ئاي-
رىلغاندىن كېيىن كۆرگەن
كۈنلىرىنى ۋە ھازىرقى
تۇرمۇشىنى سۆزلەپ بەردى.
ئۇلار پەقەت قاسىمنىڭ دادىسى
قارغايلىقتىكى يالغۇز ئاياق
يولدىن پادىسىنى ھايداپ
چىقىپ قاسىمنى قايتىپ كېتىشكە
چاقىرغاندىلا ئاندىن ئۆلۈك
بۆرى بىلەن تاغ تېكىسىنى
ئېلىپ قايتىشتى. قاسىم: «خە-
يىر، ئامان بولۇڭ، بىزنىڭ
ئۆۋۈلىمىز سىزنەرنىڭكىگە
ئانچە يىراق ئەمەس، مۇندىن
كېيىن پات-پات كۆرۈشۈپ
تۇرايلى»—دېدى.




www.uyghurkitap.com

12. شۇندىن باشلاپ،
كىچىكىدىن بىللە ئۆسكەن
قاسىم بىلەن مىكىلىقان
قايتا تېپىشتى. قاسىم ھېمى-
شە ئۇنى ئىزدەپ كېلەت-
تى. مىكىلىقانىنىڭ ئاتا-
ئانىسىمۇ قىزىنىڭ قاسىم
بىلەن بارغانسىرى يېقىن-
لىشىپ قالغانلىقىنى پاي-
قىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



13. بۇ ژىل ياز يايلاقتا ئۇرغۇن يېڭىلىقلار بولدى: مەرىيەمخان ئاپپاقىنە ئوغۇل تۇغدى. ئۇ، ئاۋال ئالتى-يەتتە بالا تۇققان بولسىمۇ، ھەممىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن «قاتلىما» كېسەلگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى.

14. بۇ نۆۋەت مەرىيەم-
خان يېڭىچە تۇغۇت
ئۇسۇلىنى سىناق قىلىش
ئۈچۈن بۇنىڭدىن يېرىم
ئاي ئىلگىرى يايلاققا
كەلگەن يەتتە خەنسۇ
قىزلىرىنىڭ ياردىمىدە تۇ-
غۇۋالدى. بالىسى يېرىم
ئايلىق بولغاندىلا ناھا-
يىتى سەمرىپ كەتتى.
بۇ خوشاللىقنى تەبرىك-
لەش ۋە خەنسۇ قىزلى-
رىنى ئۇزۇتۇش شەرى-
پىگە ئاتاپ ئوغلاق قىلىپ
بەرمەكچى بولدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



15. ئەتراپتىن ئىككى
يۈز چە قاۋۇل ئوغلاق-
چىلار ئاتلىق كېلىشتى،
ئۇلار ئوغلاق تاشلانغان
جايغا قاراپ ئات چېپىشتى.



16. دەسلەپتە ئات چاپتۇ-
رۇپ كەلگەن كىشى بەر
دىن ئوغلاقنى ئالدىغا
ئېلىپ ئەمدى قاچاي دېيى-
شىگە، ئارقىدىكىلەر يېتىپ
كېلىپ ئۇۋۇلۇشۇپ ئال-
دى، شۇنىڭ بىلەن ئوغ-
لاق تارتىشىش باشلىنىپ
كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



17. ئوغلاق بىر دەم بىرسىنىڭ قولىغا، يەنە بىردەم بىرسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇردى. ئەڭ ئاخىردا قاسىم توپ ئارىسىغا چاپتۇرۇپ كىرىپ، بوز ئاتلىق كىشىنىڭ قولىدىن ئوغلاقنى تارتىپ ئالدى.

18. تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرغانلار چۇقان سېلىپ، چاۋاك چالدى. مىكلىقاننىڭ دوستى ئۇنىڭ قۇلىغىغا: «ئالدىدىكى ژىگىت سىزنىڭ سويگىنىڭىزمۇ؟» ـ دەپ پىچىرلىدى. مىكلىقاننىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

19. ئوغلاقتىن كېيىن «قىز قوغلاش» باشلاندى. دەسلەپتە قىزلار ئاتنى بولۇشىچە قويۇپ بېرىپ ئالدىدا قاچىدۇ، ژىگىتلەر ئارقىسىدىن قوغلايدۇ. قائىدە بويىچە: قوغلاپ يەتكەن ژىگىت قىزغا مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ ۋە بىيت ئېيتىشىدۇ.





20. بەلگىلەنگەن دەرەخ-
نىڭ يېنىغا بارغاندىن
كېيىن، ئارقىغا قاراپ
چاپىدۇ. بۇ چاغدا قىز-
لار ژىگىتلەرنى قوغلاي-
دۇ، ئەگەر قىز ژىگىتكە
يېتىشىپ ئالسا قائىدە
بويىچە ژىگىتنى قامچا
بىلەن ئۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

21. قارىماققا قىزلار قامچىسىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ ژىگىتلەرنى قوغلاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەر بىر جۈپى يېقىن دوستلاردىن بولغاچقا، ھېچقايسىسىنىڭ سۆيگىنىنى ئۇرغۇسى كەلمەيتتى، پەقەت كۆرۈنۈشكىلا قامچىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ قوياتتى.






22. قاسىمۇمىڭلىقانىنىڭ
ئالدىغا كېلىپ ئۇنى ئو-
يۇنغا قاتنىشىشقا تەك-
لىپ قىلدى، ئەمما مىڭ-
لىقان بۇ تەكلىپنى رەت
قىلدى.

23. قاسىم ئۆتەڭگىدىن
كىمنى كۈتۈپ تۇرغان-
لىقىنى سورىدى. مېڭلى-
قان كۈلۈمسىرىدى،
ئۆزىنى ئېغىر بېسىق تۇ-
تۇشقا تىرىشىمۇ، ئەم-
ما ئىچىدىكى خۇشاللى-
قىنى يوشۇرالمىدى.
قاسىم: «سىزمېنى بىر
ئازمۇ ياخشى كۆرمەم-
سىز؟»— دەپ سورىدى.
مېڭلىقان: «سىزنى ياخ-
شى كۆرىمەن، ئەمما
مېنىڭ باشقا سۆيگىنىم
بار»— دېدى.





24. قاسىمنىڭ ژۇرۇگى
جىغىغدا قىلىپ كەتتى.
ئۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالال-
ماي: «ئۇ كىشى قەيەر-
دە؟» — دەپ سورىدى.
مىڭلىقان دەرھال سوز-
قېتىپ: «ئۇ كىشىما؟ ئۇ
كىشى ژىراقتىكى بىر
يايلاقتا تۇرۇدۇ. ئۇ،
يالغۇز ئويۇنىلابىلىپ
قالماي، بەلكى ئىشلەش-
نىمۇ بىلىدۇ» — دېدى.
قاسىمنىڭ دىمى ئىچىگە
چۈشۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى




.25. ئەرتىسى ئەتتىگەندە،
قاسىم، شاكىر بوۋاينىڭ
ئۆيىگە كەلدى. بۇ چاغـ
دا مىڭلىغان ئانىسى
بىلەن بىر ياققا چىقىپ
كەتكەن ئىدى. شاكىر
بوۋاي ئۇنى ئۆيگە
كىرىپ ئولتۇرۇشقا
تەكلىپ قىلدى.

26. شاكىر بوۋاي قا-
سىمغا چاقچاق قىلىپ:
سەن تايىن مىڭلىقان
بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش
ھەققىدە مەسلىھەتلى-
شىش ئۈچۈن كەلدىڭ-
غۇ دەيمەن، دەپ سو-
رىدى ۋە: «قاسىم، ھې-
لىقى كۈيۈغۇل بولۇش
ئۈچۈن كەلگەن كىشى-
نىڭمۇ ساڭا ئوخشاشلا
روھى چۈشۈپ كەت-
تى» — دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

27. قاسىمنىڭ شاكىربوۋايغا چاقچاق قىلغىدەك رەۋىشى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ گەپنى سوزمايلا تۇنۇگۈنكى «قىز قوغلاش» ئويۇنىدا بولغان ئەھۋالنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. شاكىر بوۋاي بۇسۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى، ۋە: «قىزىمنىڭ ئەھۋالىنى مەن سەندىنمۇ ياخشى بىلىمەن، ئۇنىڭ بولەك سۆيگىنى يوق!» ـ دېدى.



28. قاسىم، بوۋاينىڭ سو-
زىنى ئاڭلاپ يەنە ئىشەنمەي
قىلالماي كىگىزگە ئولتۇرۇپ
ئوتۇگىنىڭ تاپىنىدىكى لاي-
لارنى سۇرتكىلى تۇردى.
شاكىر بوۋاي قىمىز تورسۇ-
غىنى قوزۇققا ئىلىۋېتىپ:
«مېنىڭ بىلىشىمچە، قىزىم ھەممە
ئەركەكلەرنىڭ ئىچىدە سېنى
ئەڭ ياخشى كورىدۇ» —
دېدى. قاسىم: «ياق، مېنى قىلچە
ياخشى كورمەيدىغان بولۇپ
قالدى» — دېدى. ئىككىسى
مەسىلىنىڭ تېگىگە يەتمەكچى
بولدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

29. ئىككىسى بىر ــ بىرسىگە قارىشىپ ئۇزۇنغىچە جىم ئولتۇرۇشتى. ئاخىرى بوۋاي قاقاخلاپ كۈلۈۋېتىپ: «ۋاي! قايغۇرمىغىن! قىزىم سېنىڭ كېلىشكەن، قامەتلىك ژىگىت ئىكەنلىكىڭنىلا ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ بىلەن يەنە ئىشلەمچان باتۇر ژىگىت ئىكەنلىكىڭنىمۇ بىلگەن چاغدا ئاندىن ساڭا ـ ھېچ تارتىنمايلا مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ. بۇ، قىزىمنىڭ ئېھتىياتچانلىقى، بىر ئاز سەۋر قىل!» ــ دەپ مەسلىنىڭ تېگىنى ئېچىپ بەردى.



30. قاسىمنۇرنىدىن تۇ-
رۇپ، روھلانغان ۋە
ھاياجانلانغان ھالدا شا-
كىر بوۋاي بىلەن خوش-
لاشتى ۋە بوۋايغا تازا
ياخشى ئەمگەك قىلىدى-
غانلىغى ھەققىدە ۋەدە
بەردى. ئاندىن كېيىن ئې-
تىغا مىنىپ تۇرۇپ: «خە-
يىر، شاكىر بوۋا! ھەم-
مىڭىزگە كوپ رەخ-
مەت، قىزىڭىزنىڭ كوڭ-
لىدىكىنى تازا تاپتىڭىز»—
دەپلا، چىپىپ كەتتى.





31. قاسىم يەنىلا ئاۋالـ
قىدەك مىڭلىقان بىلەن
بىللە قوي باقتى. ئەمما
ئۇ توي ھەققىدە ھەرـ
گىز ئېغىز ئاچمىدى.

32. بىر كۇنى سەھەردە، مىڭلىقان ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇۋىشىغا بىر قىزكىرىپ كەلـ دى ۋە كېچە بىر بـورى كېلىپ بىر چوڭ قوينى يېرىپ يەنە بىر نەچچە قوينى ناكا قىلىپ قويـغانلىقىنى، ئانىسى ژىغلاپ ناشتىمۇ قىلمىغانلىقىنى سوزلەپ بەردى. مىڭـلىقان: «بىز بورى يوقۇتۇش ئەتـ رىتى قۇرۇۋىشىمىز كېرەك. خې شۇجى بىزنى بورى يوقۇتۇشقا چاقىرغان!» ــ دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

33. سويۇز ياچېيكىسى-
نىڭ مەجلىسىدە قاسىم
بىلەن مىڭلىقان بورى
يوقۇتۇش ئەترىدى قۇ-
رۇشنى تەكلىپ قىلىۋې-
دى، ھەممە ئەزالار ماقۇل
كوردى. ئەترەت قۇ-
رۇلغاندىن كېيىن،
ئۈچ-تورت كۈننىڭ ئى-
چىدىلا ياشلاردىن ژى-
گىرمە توققۇزى يېزىل-
دى. كوپچىلىك تەج-
رىبىلىك نەبى بوۋاينى
ئەترەت باشلىغى قىلىپ
سايلىدى.



34. بۇگۇن قاسىم بىلەن مىڭلىقان رايوندىكى مەجلىسنى تۇگۇتۇپ، تورت دانە يېڭى ئوۋ مىلتىغى ۋە بىر ساندۇق ئوق ئالغاچ كەلدى. ئەترەت ئەزالىرى تولىمۇ خوشال بولۇشۇپ، مىلتىقلارنى تالىشىپ كورۇشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




35. شۇندىن باشلاپ، بورى يوقۇتۇش ئەترىتىدىكى ژىگىت ۋە قىزلار ئاتقا باتۇرلارچە مىنىپ ئولەڭ ئېيتىپ، قارلارنى كېزىپ كەچلەردە قايتىپ كېلىدىغان بولدى. بورىنىڭ تېرىسى بويىچە ھېسابلىغاندا، بىر يېرىم ئاينىڭ ئىچىدە يەتمىش ئالتى بورى ئولتۇرۇلۇپتۇ. نەبى بوۋاي: «مەن بۇرۇن بىر ژىلدىمۇ مۇنچە جىق بورى ئوۋلاپ كورمىگەن ئىدىم» — دېدى.

36. ھاۋا بارغانچە ئىسـ
سىشقا باشلىدى. پۈتۈن
رايوندىكى بورى يو-
قۇتۇش ئەترەتلىرى
بىر نەچچە كۈنلۈك ئوۋ-
غا چىقماقچى بولدى.
ھەر يايلاقنىڭ بورى.
يوقۇتۇش ئەترىدى بىر
نەچچە گۇرۇپپىغا ئايرىلـ
دى، كەچلىك تورتـ
بەش كۈنلۈك ئوزۇق
تەييارلىدى ۋەچاي،
تۇز، مىس چوگۈن ئېلىـ
ۋالدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



37. مىڭلىغان بىلەن قا-
سىم بىر گۇرۇپپىغا ئاي-
رىلدى. ئوۋۇنىڭ ئاخىرقى
كۈنى ئەتىگەندە مىڭ-
لىغان ئەڭ ئاۋال قاسىم-
نى ئويغاتتى، ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ قالغان يىگىت-
لەرمۇ ئويغاندى.

38. هېساپلاپ كورسە، ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە يەتتى بورى ۋە ئىككى تاغ ئىتىسى ئوۋ-لىنىپتۇ. كوپچىلىك بۈگۈن-ئوۋدىن كېيىن ئۈچرۈ شۈ-دىغان جاينى بەلگىلەپ قويدى ۋە بورىگە ئاتىلىدىغان سالما ئاغامچىسىنى ۋە باشقا ئەسۋاپلارنى رەتلەپقويدى. مىكىلقان: «بۈگۈن يەنە ئۈچنى ئوۋلىساق بولاتتى»— دېدى.قاسىم:«قانچىنى كور-سەك شۇنچىنى ئولتۇرۇمىز، بىرسىنىمۇ قاچۇرمايمىز» — دېدى.



www.uyghurkitap.com



39. كۆپچىلىك يولغا
چىقتى. ئەمما چۈشكىچە
ماڭسىمۇ بىرەر بۆرى
ئۇچرىمىدى. پەقەت بىر
دۆڭدىن ئارتىلغاندىلا
بالىلار بىر مۈڭگۈزى-
دىن ئايرىلغان بىر ياۋا
تىكە ئوۋلاندى.



40. ئالدىدا ماڭغان مۇقا-
تاي بىتاقەت بولۇپ غو-
دۇڭشىدى. مىڭلىقان
«جىم» دەپ پىچىرلىدى.
ھەممەيلەن بىر پارچە قۇ-
رۇق چوپ ئارىسىدىكى
قالدۇق قار ئىچىدە بورى-
نىڭ ئىزىنى كوردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



41. كوپچىلىك دەرھال
ئۇنىڭغا چۈشۈپ چاپتى.
تەجرىبە بويىچە، يېرىم
چاقىرىمچە يەردىكى ئوتۇگـ
كۆردە بورى ئۇۋىسى
بار دەپ ھوكۈم قىلىشتى.

42. كوپچىلىك ئىنچىكىلەپ
قارىسا، دوڭنىڭ ئالدىدىكى
بىر نەچچە تۈپ دەرەخنىڭ
تۈۋىدە، سارغايغان چۆپنىڭ
ئىچىدە ئىككى ئۆڭكۈر كۆ-
رۈندى. ھەممە ئۇنى بۆرى
ئۆڭكۈرى دەپ پەرەز قىلىش-
تى. بۆرىنىڭ قايسى ئۆڭ-
كۈردە ئىكەنلىكىنى سۆزلۈ-
شۈپ تۇرغاندا، ئات خۇددى
بىر نەرسىدىن چۆچۈگەندەك
خارىلداپ كىشنەپ كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



43. دېگەندەك، تۇيۇق-
سىزلا ئۈچ قېرى بورى
ئىككى ئوڭكۇردىن ئې-
تىلىپ چىقىپ، ھەر ياق-
قا قاچتى.



44. قاسىم دەرھال يالـ
غۇز قاچقان بورىگە قاـ
رىتىپ ئوق ئاتتى، ئەمـ
ما تەگمىدى. ئىككىنچى
پاينى ئاتقاندىن كېيىن
بورىنىڭ بىر پۇتى ئاسـ
قىلدى، شۇنداقتىمۇ بوـ
رى ئۈچ پۇتى بىلەن
يەنە ئۇچقاندەك قاچتى.




45.قاسمنىڭ يېنىدىكى مۇقاتاي: «ئىككىڭلار ھېلىقى ئىككى بورىنى قوغلاڭلار، مانى مەن تۇتۇۋالىمەن» — دېدى. مىڭلىغان بىلەن قاسىم قاچقان ئىككى بورىنى قوغلاپ ماڭدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

46. قاسىم بىلەن مىڭلى-
قان ئىككى بۆرىنىڭ ئار-
قىسىدىن قالماي قوغلى-
دى. ئاتلار بىقىنىغا
تېگكۈاتقان ئۈزەڭگىنىڭ
زەربىدىن قۇيۇنىدەك
چاپتى. بۆرە قانچە چاپ-
سان ژۇگۇرسىمۇ، ئۇ-
زاپ كېتەلمىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

47.قاسىم ئاتلىق ژۈگـ
رەپ كېتىپ بېرىپ مىلـ
تىقنى قارىغا ئالماقچى
بولغاندا، تۇيۇقسىزدىن
بىر بورى سولغا، يەنە
بىر بورى ئوڭغا بۇرۇـ
لۇپ قاچتى.



48. قاسم ئاتنى توختۇ-
تۇۋېلىشقا ئۇلگۇرەل-
مەي بىر نەچچە قەدەم
ئىلگىرلەپ كەتتى. ئات
تاخلاپ تۇراتتى، قاسم
مىگىلىقانغا: «چاپسان بو-
لۇڭ! مېنىڭ مىلتىغىمنى
ئېلىپ ئاۋۇ بورىنى قوغ-
لاڭ!» — دەپ مىلتىغنى
بەردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



49. مىڭلىقان جاۋاپ بەرگىچە قاسىم ئېتىنى چاپتۇرۇپ يەنە بىر بورىنى قوغلاپ كەتتى. مىڭلىقانمۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ يەنە بىر بورىنىڭ كەينىگە چۈشتى.



50. مىڭلىقان خېلىڭ يەر-
گىچە قوغلاپ بېرىپ،
مىلتىغىنى قولىغا ئالدى-
دە، نىشانلاپ ئاتتى ۋە
بىر ئوقتىلا جىنىنىڭ بې-
رىچە قېچىۋاتقان بورى-
نى ئېتىپ ئولتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

51. شۇ چاغدا، قاسىم ھېلىقى بورىنى قوغلاپ تىك تاشنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىزدىن بورى يوقاپ كەتتى. قاسىم: بورى تايىن تىك چوقىنىڭ. ئوڭ تەرىپىدىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى دەپ ئويلاپ، ئېتىنى ئاستايىتلەپ تىك چوقىنىڭ ئارىلىغىدىن قىستىلىپ ئۆتتى.





52. تىك چوققىدىن ئۆتـ
كەندىن كېيىن قالايمىقان
ئۆسكەن بىر مۇنچە
دەرەخلىك كۆرۈندى،
ھېلىقى بورى دۆڭنىڭ
ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. ئۇ-
نىڭ قېشىدا يەنە ئىككى
بورىمۇ بار ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



53. قاسم ئېتنى توختاتـ
تى. يېندا ملتغى بولـ
مغاشقا، بر كىشنىڭ
ئۈچ بورىگە ئەڭ كېلەلـ
مەيدىغانلىقىنى سەزدى.
ئەتراپقا قاراپ، ھەمراـ
لىرىدىن بىرەرسىنىڭ
كېلىپ قىلىشىنى كۈتتى.



54. ئەما شىلدىرلاپ چىقـ
قان شامالنىڭ ئاۋازىدىن
باشقا ھېچنىمە ئاڭلانمـ
ىدى. قاسىم ئىككىلىنىپ
تۇرغاندا ئۈچ بورى
ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com



55. قاسىم دەرھال ئېتىنى
يانغا بۇراپ، ئورۇلۇپ
قولىدىكى تاياق بىلەن
بورىنى كۆچىنىڭ بىر-
چە ئۇردى، بورى دەر-
ھال ئۆزىنى چەتكە ئال-
دى.

56. قاسىمنىڭ تايىغى
تەگمىگەندىن كېيىن،
ئالدىدىكى قېرى بو-
رى پۇرسەتتىن پايدى-
لىنىپ، ئۇنىڭغا كەينى
تەرىپىدىن ئېتىلماقچى
بولدى، ئات ئۈركىگىنى-
دىن سەكرەپ ژۇگرۇپ
كەتتى. بورى چىشلىيەل-
مىگەنلىگىگە ئاچچىغلى-
نىپ، چىشلىرىنى غىچىر-
لىتىپ خىقىرىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

57. بورىلەر ئۇزۇنغىچە ئەرگىشىپ كەلگەچكە قاسىممۇ، ئاتمۇ بىر ئاز ھېرىپ قالدى. ئۈچ بورى ئارقىدىن قىلچە قالماي مېڭىپ كەلدى ۋە پۇرسەت تاپسىلا قاسىمغا ئېتىلماقچى بولۇشتى.





58. قاسىم قولىدىكى تا-
ياقنى توختىماي ھەي-
ۋە قىلىپ ماڭغاشقا، بى-
لىگى بارغانچە ئېغىرلى-
شىپ كەتتى ۋە بىر ئاز
ئەنسىرەشكە باشلىدى.
ئۇ، ئالدىدىكى قار سۇ-
يىدىن ھاسىل بولغان
ئېرىقنى كورۇپلا، شۇ
ئېرىقنى بويلاپ چىپىپ
ماڭدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




59. كۈن بارغانچە قاـ
راڭـغۇلاشتى، بـورىگە
ئوڭايلىق توغۇلدى. قاـ
سىم ئۈچ بـورى بىلەن
قانداقمۇ قىلارمەن دەپ
تۇرۇشىغا ژىراقتىن ئاتـ
لىق بىرسى كېلىپ قالـ
دى. يېقىن كەلگەندە
قارىسا مىگلىقان ئىكەن.

60. قاسىم مەڭلىقان بى‑
لەن ھاردۇق سورشۇۋات‑
قانلىقىمۇ، بورىلىن كۆ‑
زىنى ئۈزمىدى. ئۇ،
بورىلەرنىڭ ئىككى خىيال‑
دا قالغانلىقىدىن پايدىلى‑
نىپ، يېقىنراقتىكى بورى‑
گە ئەپچىللىك بىلەن
سالما تاشلاپ بوينىدىن
بوغۇۋالدى.



www.uyghurkitap.com



.61. قالغان ئىككى بورى
بۆنى كورۈپ دەرھال
قاچتى؛ ئەمما قېچىپ قۇ-
تۇلغىچە، مىلتىقنىڭ
ئوقى بىلەن ژىقىلدى.



62. قاسىم مەڭلىقانىڭ
يېنىغا كەلدى. ئۇ، كۈن
بويى ژۈرۈپ ھېرىپ
كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما،
كوزئالدىدىكى سۈيۈم-
لۈك باتۇر قىزنى كو-
رۈپ تۈگۈمەس شات-
لىققا تولدى.

www.uyghurkitap.com




63. مىڭلىغان قاسىمنى
ئىزدەپ كەلگەن ئىدى.
ئۇ، قاسىمنىڭ ئۇچ بو-
رى بىلەن باتۇرلارچە
ئېلىشقانلىغىنى كۆرۈپ
چەكسىز خوشال بول-
دى. قىز قاسىمنىڭ ھار-
غانلىغىغا قارىماي، ئۆزى-
نى ئۇنىڭ قۇچۇغىغا
ئاتتى.



64. بۇئىككى ياشنىڭ مۇ-
ھەببىتى ئورتاق ئەمگەك
ۋە ئوز-ئارا پاردەملەر
ئارقىسىدا تېخىمۇ چىڭى-
دى. بەختلىك كۇنلەر
بىلەن بىر ۋاختتا باھارمۇ
كېلىپ قالدى. ياپلاقتا
قوي قوزۇلىتىش پەسلى
باشلىنىپ كەتتى.

65. مىكىلقانىڭ ئائىلى-
لىكلەر كېچىچە ئۇخلى-
ماي ئالدىراشلىق ۋە خۇ-
شاللىق بىلەن قوزىلارنى
پەرۋىش قىلدى. بىر ئاز-
دىن كېيىن مىكىلقانىڭ
ئانىسى قاردەك ئاپپاق
ئىككى قوزىنى قۇچاغ-
لاپ كىگىز ئۆيگە ژۈگ-
رەپ كىردى. قوزىنىڭ
ئانىسمۇ ئارقىدىن ئەر-
گىشىپ كېلىپ مەرەپ
كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



66. مىڭلىقان بىرىم ئاي-
خىچە تۇزۇگىرەك ئۇخ-
لىيالمىدى، بەزىدە ئۇي-
قۇسى تۇتۇپ كەتكەندە
قوتاننىڭ ئىچىدە مۈگ-
دەپ قالاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



67. مىڭلىقانلارنىڭ جەمئىي بىر يۈزئون ساغلىق قويى بىر يۈز ئون توققۇز قوزا تۇغدى. بۇلتۇر كۈزدە ساغلىقلىرىنى سۈنئىي نەسىللەندۈرۈش پۇنكىتىغا ئېلىپ بېرىشكە ئۇنئۇمىغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئاغىلىسىغا ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ يېڭى تۇغۇلغان نەسىللىك رامبۇلىيە قوزىلىرىنى كۆرۈشتى.



68. قوي قوزۇلتىش
كۆنلىرى ئۆتۈپ كەت-
كەندىن كېيىن، مەيدان-
دا ئەمگەكچى سايلاش
مەجلىسى بولدى. مەج-
لىستە نۇرغۇن ئەمگەك-
چىلەر سايلاندى، ئۇ-
لارنىڭ ئىچىدە بوۋايلار
بىلەن مومايلار، يىگىت-
لەر بىلەن قىزلارمۇ بار
ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

69. كۆپچىلىك مىڭلىقان بىلەن قاسىمنىمۇ نەمۇنىچى قىلىپ سايلىدى. ئۇلارنىڭ مەيدىلىرىگە شەرەپ گۈلى قادالدى. مەجلىستە ئۇلار كۆپچىلىككە ئۆزلىرىنىڭ نەمۇنىلىك ئىشلىرىنى تونۇشتۇردى.



70. كوپچىلىك نەمۇنىچى
مىگلىقان بىلەن نەمۇنىچى
قاسىمنىڭ بىر جۈپ
دوست ئىكەنلىكىنى ئال-
لىقاچانلا پايقىۋالغان
ئىدى. بۇ چاغ دەل با-
ھار پەسلى بولۇپ، ياي-
لاقتا مەرىكە ئۆتكۈزۈش-
نىڭ ئوبدان پەيتى ئى-
دى. مىگلىقانىڭ ئاتا-
ئانىسى بىلەن قاسىمنىڭ
ئاتا-ئانىسى خېلى بال-
دۇرلا كېلىشىپ قويغان
ئىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



71. بۈگۈن مڭلقاننڭ
ئاتسى بلەن ئانسى ۋە
قاسمنڭ دادسى جان-
جگەر قزى ھەم ئوغۇل-
لرىغا نكاھگۈۋانامسى
ئېلش ئۈچۈن رايونغا
ماگدى.



72. رايوندىكى خى شۇ-
جى قاسىم بىلەن مىڭلى-
قانىڭ كوپچىلىك تەرى-
پىدىن نەمۇنىچىلىككە
سايلانغىنىنى ئاللىقاچان
بىلگەن ئىدى ، ئەمدى
بولسا ئۇلارنىڭ تۇر-
مۇش قۇرۇش ئۈچۈن
كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ،
چەكسىز خوشال بولۇپ
ئۇلارنى مۇبارەكلىدى
ۋەنىكاھ خېتىنى ئۆز قو-
لى بىلەن سۇندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

.73 مىڭلىغان بىلەن قاسىم
نىكاھ خېتىنى ئالدى .
خەتكە چۈشۈرۈلگەن
ماۋجۇشىنىڭ رەسىمگە
بىردەم زەڭ قويۇپ قا-
رىدى ۋە كۆڭۈللىرىدە
چەكسىز شاتلىق ھەم
بەخت تۇيغۇسى پەيدا
بولغانلىقىنى ھېس
قىلىشتى .





74. ئەرتىسى مىڭلىغان
ئورۇپ-ئادەت بويىچە
يېڭى كىيىم كىيىپ، ز-
ىگىرمە نەچچە قىز بىلەن
ئاتلىق بىرىپ، ھەممە ئا-
ئىلىگە ئوزىنىڭ تۇر-
مۇش قۇرغانلىغىنى ئېي-
تىپ ماڭدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



75. يايلاقتىكى ھەممە چارۋىچىلار ئۇلارنىڭ توي مەرىكىسىگە قاتناشتى. ئەتراپ خوشاللىققا چۆمدى! جاپالىق زامانلار مەڭگۈگە يوقالدى، ھازىر چارۋىچىلار بەختلىك ۋە شات-خورام دەۋردە ياشاۋاتىدۇ!

بۇكىتاپ شاڭخەي خەلىق سەنئىتى نەشرىياتى تەرىپىدىن
1958 – يىلى يانۋاردا شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى
ئىككىنچى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.
本書根據上海美术出版社1958年1月上海第一版第二次印刷版本譯出

كىتاپ نومىرى 345 (4) 1523


# خۇشال تيانشان باغرىدا!

ئاۋتورى: لياڭ شۇەجڭ.
رەسسام: نيەنەنقى.
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
ئادرېس: بېيجىن گوزىجەن 54 — قورا.
بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ
رۇخسەت قەغىزى نومىرى: «ن — 047».
مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە تىزىلدى.
شاڭخەي بىرىنچى زاۋۇتىدا بېسىلدى.
شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

1958 – يىلى ئاۋغۇستتا بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.
1958 – يىلى ئاۋغۇستتا شاڭخەيدە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.
فورمات: 1092×787 1/60 م.م. ھەجمى: 9/30 1 باسما تاۋاق.
تىراژى: 1–5500. باھاسى: 17 پۇڭ.
بىرلەشمە نومىرى: M 8049 ئۇيغۇرچە102.

www.uyghurkitap.com

書號：1523(4)345

欢乐的天山草原

（維吾尔文）

梁学政著

聶南溪画

民族出版社翻譯出版

地址：北京國子監街54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷厂排版

上海印刷一厂印刷

新华書店发行

---

1958年8月第一版

1958年8月上海第一次印刷

787粍1092粍×1/60　印張 1 9/30

印数：1—5.500冊　定價：一角七分

統一書号：M8049·維102